ئابلىكىم روزى

# كىمنىڭ توغرا



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئابلىكىم روزى

# كىمنىڭ توغرا؟

(شېئىرلار)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھوشۇر ئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: خالىدە مۇختەر
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: شاھىدە يۈسۈپ


# كىمنىڭ توغرا؟

ئاپتورى: ئابلىكىم روزى

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3
1998 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 7 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 7—5371—2934—7/I. 973
سانى: 5071 — 8124
باھاسى: 3.50 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز.





## نەشرىياتتىن

شائىر ئابلىكىم روزى 1946 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا ما ئارىپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953 - يىلىدىن1963-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1963-يىلىدىن 1975- يىلىغىچە يەكەن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . 1975 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا ئىشلىگەن. 1980 - يىل 1 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ ھازىر ئاخبارات كەسپى بويىچە كاندىدات ئالىي مۇھەررىر.

ئابلىكىم روزى 1962 - يىلىدىن باشلاپ شېئىرىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاساسەن بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1984 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «قارلىغاچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1987 - يىلى «ئۈمىد غۇنچىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، 1994 - يىلى «سەبىيلەر كۈلكىسى» ناملىق بالىلار يۇمۇرلىرى توپلىمىنى نەشر قىلغان.

ئابلىكىم روزى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


ئاتا ـ ئانام ــ تۇنجى ئۇستازىم .......... 1

ئانا مەكتەپ .......... 3

بىزگە بايرام ھەر كۈنى .......... 4

بىلىم ئېلىپ كۈلۈڭلار .......... 6

ئانا سۆيۈنگەن سوئال .......... 8

ئاتا ـ ئانام ــ نۇر چىراغ .......... 9

چوڭ بولغاندا .......... 10

مۇئەللىم .......... 11

كېسەل تۇرسا جان ئانام .......... 13

كىم ياخشى دەپ سورىما .......... 14

بالىلار .......... 15

ئۆزگىرىش (سېكىل) .......... 17

ئالبوم .......... 22

كۆكتات تېرىدۇق .......... 24

بايرام ناخشىلىرى .......... 25

كالېندار .......... 32

يامغۇر ياغ .......... 33

دورىماڭلار .......... 34

ئاداش دېمەيمەن .......... 36

كىچىك خەتتات ــ ھۆرىيەت .......... 37

كىمنىڭ توغرا ؟ .......... 38

| | |
|---|---|
| بالىلار ئاۋازى (چاتما شېئىر) .............. | 41 |
| چىرايلىق .................................... | 46 |
| قەدىرلىكسەن .............................. | 47 |
| پۇشايمان .................................. | 48 |
| خام سۇ ئىچمىگىن .......................... | 50 |
| بىز شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى ................... | 52 |
| گالىستۇك ................................. | 53 |
| بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟ ..................... | 54 |
| گۈل تېرىيمىز ............................... | 58 |
| ئالدىراش پەيتتە ............................ | 59 |
| بىزنىڭ ئوماق بالىلار ...................... | 60 |
| توي ئوينايدۇ .............................. | 61 |
| گۈزەل ۋەتەن قۇچىقى ....................... | 62 |
| ئوخشاش سىمىز بولساقكەن.................. | 63 |
| تۇتاش ئىككەن كۈلكىسى..................... | 64 |
| نېمىشقا ئاز ئۇخلايدۇ؟ ..................... | 65 |
| ئارزۇگۇلنىڭ خىسلىتى ....................... | 66 |
| ئىناقلىقتا پايدىسىز ......................... | 67 |
| كۈلكە ......................................... | 69 |
| يولدىن نېرى ئوينايلى ...................... | 70 |
| گۈلشەن قىلغان ياخشى ئىش ................. | 72 |
| راسخوت ئېيتىزى ............................ | 73 |
| ئاكا ـ ئۇكا ................................. | 74 |
| رەھمەت خېتى يازىمەن ....................... | 75 |
| ئۆسمۈرلۈك چاغىم .......................... | 76 |

سۆنئەت تويى ناخشىسى ........................ 78

قول ياغلىق ........................ 79

ئورمان ئەھيا قىلىمىز ........................ 80

خۇشاللىق ........................ 81

گۈل ۋە كۆچەت ناخشىسى ........................ 82

مودېل ياساش ماھىرى ........................ 83

گۈزەل ئەخلاق— شادلىقىم ........................ 84

قەدىرلەيمەن ۋاقىتنى ........................ 86

ئۇستاز سۆزى ........................ 87

ئالقىش ۋە قارغىش ........................ 88

# ئاتا - ئانام — تۇنجى ئۇستازىم

دادام بىلەن ئانامنىڭ
ماڭا چەكسىز مېھرى بار.
ماڭا سىڭگەن بىھېساب
قان - تەرى بار، ئەجرى بار.

ئۇلار مېنى چوڭ قىلدى،
جان كۆيدۈرۈپ پەپىلەپ.
مەنمۇ ئۆستۈم ئۇلارنىڭ
قۇچىقىدا ئەركىلەپ.

ئۇلار مېنى بىر ئۆمۈر
جاندىن ئەزىز كۆرىدۇ.
كۆزىمىزنىڭ نۇرى دەپ،
پېشانەمگە سۆيىدۇ.

ئاتا - ئانام ئۇلۇغدۇر،
ماڭا سۆزدە، ھەركەتتە.
ئۇلار مەندىن ھەر قاچان
زور ئۈمىدلەر كۈتمەكتە.

ئۇلار دەيدۇ: «جان بالام،
بولغىن ئەدەپ - ئەخلاقلىق.
ياخشى ئادەم بولۇشقا،
تۇرسۇن بېلىڭ باغلاقلىق.

ئىلىم - پەننىڭ بېغىدا،
بۇلبۇل بولۇپ سايرىغىن.
گۈزەل ئانا مەكتەپتە،
ياخشى ئوقۇپ يايرىغىن.

ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن
يارامىلىق بىر ئەۋلاد بول.
جاپالارنى يەڭگۈچى
قەلبى ئوتلۇق پەرھاد بول!...»

بېرەر ماڭا تەربىيە
ئاتا - ئانام ھەر دائىم.
دەيمەن شۇڭا ئۇلارنى،
مېنىڭ تۇنجى ئۇستازىم.



## ئانا مەكتەپ

ئەجەب كۆركەم، چىرايلىق
ئانا مەكتەپ — بېغىمىز.
ئاشۇ باغدا مەنىلىك
ئۆتەر بىزنىڭ چېغىمىز.

ئاشۇ باغدا پۇرايمىز،
پاكىزا - پاكىزا گۈللەرنى.
شادلاندۇرار شۇ گۈللەر
بىزنىڭ بۇ كۆڭۈللەرنى.

شۇ گۈللەر ئىلىم - پەندۇر،
گوياكى ھەسەل - قەنتتۇر.
بىزنى خۇشال ياراتقان
مەكتەپ باغلىرى كەڭدۇر.

ئاشۇ باغنىڭ قوينىدا،
سايرايدىغان بۇلبۇل بىز.
ئىلىم - پەننىڭ كۆكىدە،
ئۆرلەيدىغان دۇلدۇل بىز.

## بىزگە بايرام ھەر كۈنى

باغچىمىزدا باغچاق بار،
ئىلاڭگۈچ بار، قونچاق بار،
ياغلىق توقاچ، قۇيماق بار،
بىزگە بايرام ھەر كۈنى.

كۆڭلىمىزدە شادلىق بار،
كۈلكىمىزدە تاتلىق بار،
ئۇستاز-باغۋەن ئاتلىق بار،
بىزگە بايرام ھەر كۈنى.

بىر تۇغقان - قوشكېزەك بىز،
قىزىل غۇنچە - چېچەك بىز.
شۇنچە ئوماق، زېرەك بىز،
بىزگە بايرام ھەر كۈنى.

ياڭراق بىزنىڭ ناخشىمىز،
بەك چىرايلىق باغچىمىز.
بەختىيار بىز، ياخشى بىز،
بىزگە بايرام ھەر كۈنى.

تەربىيىچى - ئانىمىز،
پەن ئىشقىدا يانىمىز،
ئارزۇلارغا قانىمىز،
بىزگە بايرام ھەر كۈنى.



## بىلىم ئېلىپ كۈلۈڭلار

دىلبەر ئۆيدە بالىنىڭ
ئەڭ كەنجىسى — كىچىكى.
ئاچىسىدىن تولىراق
ئۇنىڭ كىيىم - كېچىكى.

دەيدۇ شۇڭا ئۇ دائىم:
«كۆپتۇر كىيىم - كېچىكىم.
ھەنچە كىيىم كىيىمىدى
مەكتەپتىمۇ بىرەر كىم.

ساۋاقداشلار ئىچىدە،
ھەممىسىدىن پەرقلىقمەن.
ياسانغاچقا ھەر ياگزا
ماختىنىشقا ھەقلىقمەن.

دىلبەر قىلار ئۆيىدە،
كىيىم - كېچەك غەلۋىسى.
يېڭى كىيىم كىيىشلا
ئىكەن ئۇنىڭ «غەلىبىسى».

لېكىن، دىلبەر دەرسلەرنى
دوستلىرىدەك بىلمەيدۇ.
ئېلىنغاندا ئىمتىھان
قايغۇرىدۇ، كۈلمەيدۇ.

كۈلكە ئەمەس، دىلبەردەك
كىيىم بىلەن كۈلسىلا.
يارىشىدۇ ئادەمگە،
بىلىم بىلەن كۈلسىلا.



## ئانا سۆيۈنگەن سوئال

بۈگۈن ئۇنىڭ دادىسى
هاراق ئىچىپ مەست كەلدى.
كۆزلىرىدە قىزىللىق
پۇتى ئېگىز - پەس كەلدى.

سوراپ قالدى بالىسى:
«دادا، هاراق بەلەنمۇ؟
ياكى دوختۇر ئاكاملار
پايدىسى بار دېگەنمۇ؟»

دادىسى بۇ سوئالنى
قويغانىدى جاۋابسىز.
لېكىن، ئانا سۆيۈنۈپ
دېدى: «ئوغلۇم، يارايسىز!»



## ئاتا - ئانام - نۇر چىراغ

دادام ماڭا نۇر چىراغ،
ئانام ماڭا نۇر چىراغ.
دادام بىلەن ئانامغا،
مەن ھەممىدىن خۇش پۇراق.

دادام مېنى سۆيىدۇ،
ئانام مېنى سۆيىدۇ.
ئۇلار مېنى ھەر قاچان
جاندىن ئەزىز كۆرىدۇ.




# چوڭ بولغاندا

دېڭىز دېسەم ۋەتەننى
دېڭىزدىكى تامچىمەن.
گۈلباغ دېسەم ۋەتەننى
گۈلباغدىكى غۇنچىمەن.

ئاسمان دېسەم ۋەتەننى
ئاسماندىكى يۇلتۇزمەن.
ۋەتەن - ئانام، ئانامدىن
ئايرىلمايمەن ھەرگىز مەن.

كەلتۈرىمەن شان - شەرەپ
چوڭ بولغاندا ۋەتەنگە.
چوقۇم ئەمەل قىلىمەن،
يۈرەك سۆزۈم- ۋەدەمگە!



## مۇئەللىم

ئانا مەكتەپ — گۈل - چىمەن،
بىز بىر كۆچەت، سىز باغۋەن.
ئۆستۇق شۇڭا شاد، تېمەن،
بىزگە غەمخان مۇئەللىم.

ئانىمىزغا ئوخشايسىز،
دادىمىزغا ئوخشايسىز،
بىزنى كۆرۈپ يايرايسىز،
ئەي قەدىردان مۇئەللىم.

ئۇلۇغ سىزنىڭ نامىڭىز،
يۈكسەك شەرەپ - شانىڭىز،
چوڭقۇر بىلىم كانىڭىز،
ئەي قەدىردان مۇئەللىم.

مىسلى ئاپتاپ چېھرىڭىز،
ئەزىم دەريا مېھرىڭىز،
ئەجەب ئۆتكۈر زېھنىڭىز،
ئەي جانىجان مۇئەللىم.

سىزدە ئېسىل خىسلەت بار،
ئاجايىپ زور ھېكمەت بار،

ئۆچمەيدىغان خىزمەت بار،
ئەي تىرىشچان مۇئەللىم.


ساۋاقداشلار بەس - بەستە،
ناخشا ئېيتىپ ھەۋەستە،
سىزگە تىزدۇق گۈل دەستە،
ئەي پاسىبان مۇئەللىم.



# كېسەل تۇرسا جان ئانام

گۈلنۇر دېدى گۈلشەنگە:
— يۈرە ئاداش، يۈزگىلە.
بىللە ئويناپ مەن بىلەن،
يايرىغىنا — كۆلگىنە.

گۈلشەن دېدى: جان ئانام
ئۆيدە كېسەل ياتىدۇ.
شۇڭا ئويۇن - كۈلكىنى
كۆڭلۇم قانداق تارتىدۇ؟!



## كىم ياخشى، دەپ سورىما

دېگەندى ئانىسى:
«جېنىم قىزىم ئامىنە،
مەن ياخشىمۇ، داداڭمۇ؟
قېنى، جاۋاب بەرگىنە.»

مۇنداق دېدى ئامىنە:
«دادام ياخشى، سەن ياخشى.
ياخشى بولغاچ ئىككىڭلار،
مەن بەختىيار، مەن ياخشى.

ئوخشاش ياخشى كۆرىمەن،
ئىككىڭلارنى دائىما.
شۇڭا ئەمدى جان ئانا،
كىم ياخشى، دەپ سورىما.»



## بالىلار

قىنىپ ۋەتەن مېھرىگە
يايراۋاتقان بالىلار.
بۇلبۇل بولۇپ باغ ئارا
سايراۋاتقان بالىلار.

ئىلىم - پەندىن كۈچ ئېلىپ،
ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىپ،
غۇنچە بولۇپ ئېچىلىپ،
ياشناۋاتقان بالىلار.

گالىستۇكى يەلپۈنۈپ،
دائىم ئالغا تەلپۈنۈپ،
خۇددى نۇرلۇق چىراغدەك
چاقناۋاتقان بالىلار.

تايچاقلاردەك سەكرىشىپ،
بىر - بىرىگە ئەگىشىپ،
سۈرۈپ شادلىق پەيزىنى،
ئويناۋاتقان بالىلار.

كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇشنى،
ئىز باسارلار بولۇشنى،

ئەلگە تۆھپە قوشۇشنى
ئويلاۋاتقان بالىلار.

سۆيۈپ ئېسىل ئەخلاقنى،
لەپىلدىتىپ بايراقنى،
پەرۋاز قىلىپ كۈنسېرى
ئۆرلەۋاتقان بالىلار.

بۈگۈن بايرام سىلەرگە،
ئالىي سالام، سىلەرگە.
بەخت - ئىقبال نۇرىدا
گۈللەۋاتقان بالىلار.



# ئۆزگىرىش

(سىپكىل)

بىزنىڭ سىنىپتا
ئۆزگىرىش نۇرغۇن.
خۇرسەن بۇنىڭدىن
مۇئەللىم — تۇرغۇن.

يامان ئادەتنى
تاشلىدۇق، قاراڭ.
بۇ ھەقتە سىزگە
سەپ بىرەي پاراڭ:

## ئوسمان ئۆزگەردى

ئوسمان ئىلگىرى
ئويۇنچى ئىدى.
ئۆز كۆڭلىدە ئۇ
«بىرىنچى» ئىدى.

ئويۇن دېسە ئۇ
ھەر يان چاپاتتى.
بەزى كۈنلىرى
دەرستىن قالاتتى.

شۈگا دەرسلەردە
ئاجىز ئىدى ئۇ.
بىزگە ئارىلاشماي
يالغۇز ئىدى ئۇ.

ئەمدى ئويۇننى
تاشلىدى ئوسمان.
تىرىشچانلىقنى
باشلىدى ئوسمان.

زوقلاندۇق ئاكا

ئون ياش بولسىمۇ
ساۋاقداش ھاپىز،
يۈز ۋە قولىنى
يۇيمايتتى پاكىز.

دەيتتۇق ئۇنىڭغا:
«تارتماسەن ئىزا؟
يۈز - قولنى يۇيماي
يېمە نان - غىزا...»

ناچار ئادەتنى
ئۆزگەرتتى ھاپىز.
زوقلاندۇق ئاكا،
بارلىق ئوغۇل - قىز.

## تاشلىدى ئۇلار

بۇرۇن بەزىلەر
ئوينايتتى قارتىنى.
پۇل ئۇتۇشماققا،
قويۇشۇپ شەرتىنى...

ئۆگەندى ئۇلار
قانۇندىن ساۋات.
ئۆگەنگەنسېرى
بولدى كۆڭلى شاد.

ئۇلارنىڭ ئەمدى
تونۇشى ئۆستى.
شەكلى ئۆزگەرگەن
قىمارنى توستى.

ياقماس ئۇلارغا
ئۇ خىل قارت ئويناش.
ئېسىل خىسلىتى —
ئۆگىنىش، ئويلاش...

## قاتناشتى ئەمدى

گىمناستىكىنى
ئوينىساق دائىم،
سەپتە يوق ئىدى
ساۋاقداش سايىم.

تەربىيە بېرىپ
دېدۇق ئۇنىڭغا:
«ئوينىغاندا بىز
قاچما بۇلۇڭغا.

گىمناستىكىنىڭ
ئەھمىيىتى زور.
بېغىشلايدۇ ئۇ
بەدەنگە ھۇزۇر...»

ساۋاقداش سايىم
مەيدانغا كەلدى.
گىمناستىكىغا
قاتناشتى ئەمدى.

**ئادەتلەندى ئۇ**

ئەركىن كىيىمنى
رەتسىز كىيەتتى.
تۈگمىسىنىمۇ
ئەتمەي يۈرەتتى.

دېدۇق: «ساۋاقداش،
كىيىنگىن رەتلىك.
ئەل سۆيەر سېنى
بولساڭ ئەدەپلىك...»

رەتلىك كىيىشكە
ئادەتلەندى ئۇ.
ماختىغان ئىدۇق
خۇشال كۈلدى ئۇ.



## ئالبوم

بىزنىڭ ئۆيدە، چامادانىدا
چىرايلىق بىر ئالبوم بار.
شۇ ئالبومنى ھەر كۈنى
ۋاراقلىغۇم - كۆرگۈم بار.

سۈرىتى بار ئۇنىڭدا،
مەرھۇم بوۋام - مومامنىڭ.
سۈرىتى بار ئۇنىڭدا،
دادام بىلەن ئانامنىڭ.

سۈرىتى بار ئۇنىڭدا،
داشۆدىكى ئاكامنىڭ.
سۈرىتى بار خۇش چىراي،
ئاقۋاش ئىشچى تاغامنىڭ.

شۇ ئالبومدا بار تېخى
مېنىڭ بوۋاق چاغلىرىم.
شۇ ئالبومدا چاقنايدۇ
گۈزەل يۇرتۇم - باغلىرىم.

شۇ ئالبومدا بار يەنە
ساۋاقداشىم - دوستلىرىم.
دەيمەن شۇڭا يۈرەكتىن:
ئالبوم كۆرۈش خۇشلۇقۇم!



## كۆكتات تېرىدۇق

باش بولۇپ بىزگە
مۇئەللىم دىلشات.
تېرىغانىدۇق
ھەر خىل سەي - كۆكتات.

پەرۋىش قىلغاچقا
مېھنەت سىڭدۇرۇپ،
ئوخشىدى كۆكتات
بىزنى كۈلدۈرۈپ.

ئوخشىدى راسا
قىزىل مۇچ ، بەسەي،
پېتىنگان ، شوخلا،
چامغۇر ۋە چىگسەي...

باغقا ئوخشايدۇ،
كۆكتاتلىقىمىز.
ئاشۇ كۆكتاتلىق
خۇشاللىقىمىز.

# بايرام ناخشىلىرى

## بايرام كەلدى

كۆڭۈللەرنى شاد ئېتەيلى،
تال چىۋىقنى ئات ئېتەيلى.
ئاداشلارنى ياد ئېتەيلى،
خاسىيەتلىك بايرام كەلدى.

ئېيتىپ غەزەل، ناخشىلارنى،
كۈيلەيلى بىز ياخشىلارنى
يېتەكلەيلى باشقىلارنى،
خاسىيەتلىك بايرام كەلدى.

چۆمدۇق چەكسىز خۇشاللىققا،
پەخىرلەندۇق ئىناقلىققا،
تەلپۈنەيلى ئىلغارلىققا،
خاسىيەتلىك بايرام كەلدى.

## ئويۇن قويدۇق ھال سوراپ

تەييارلىدۇق مەكتەپتە
ناخشا - ئۇسسۇل، لەپەرنى.

مەدھىيىلىدۇق ئارمىيە —
قۇچقان شانلىق زەپەرنى

بايرام كېلىش ئالدىدا
باردۇق مەلۇم قىسىمغا.
ئويۇن قويدۇق ھال سوراپ،
باتۇر پەرزەنت قوشۇنغا.

سالام بەردۇق ئۇلارغا،
دەستە - دەستە گۈل تۇتۇپ.
ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇلغا
چۈشتۇق بىللە قول تۇتۇپ.

بىزگە ئالقىش ياڭراتتى،
كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەر.
دېدى: «رەھمەت سىلەرگە،
ئەي پىئونېر - غۇنچىلار!

سىلەر ئانا ۋەتەننىڭ
زور ئۈمىدى، بايلىقى.
قولۇڭلاردا يەلپۈنەر
كەلگۈسىنىڭ بايرىقى...»

ئۇلار بىزگە كۆرسەتتى،
ھەربىي مەشىق - ماھارەت.
قەلبىمىزدە ئۇرغىدى
يېڭى غەيرەت - جاسارەت.

## يەر تەۋرىگەندە

زېمىن تەۋرەپ، يەر تەۋرەپ،
ۋەيرانچىلىق ئەپكەلدى.
ھەممىمىزنىڭ بېشىغا
ئۇنتۇلغۇسىز دەرد كەلدى.

بولۇپ قالدى خەتەرلىك،
ئانا مەكتەپ ئۆيلىرى.
توختاپ قالدى بىردىنلا
ئۇستازلارنىڭ ئۈنلىرى.

كەلدى ھەربىي تاغىلار،
خەۋەر تېپىپ بۇ ئىشتىن.
دېدى: «ھەرگىز بولمايدۇ،
توختىساڭلار ئوقۇشتىن...»

ئۇلار بىزگە بېرىزىنتىن
ياساپ بەردى سىنىپ - ئۆي.
مەكتىپىمىز قوينىدا،
جاراڭلىدى ناخشا - كۈي.

يەر تەۋرەشنىڭ ئەتىسى
دەرسىمۇ كەلدى ئەسلىگە.
ئېرىشكەندەك بولدۇق بىز،
يېڭى باھار پەسلىگە.

## سۆيۈندۇق بۇ ئىشلاردىن

ھەربىي دوختۇر تاغىلار
تۇتۇپ بىزنى يادىدا،
يوقلاپ كەلدى مەكتەپكە،
بايرام كېلىش ئالدىدا.

زەپ ياراشقان ئۇلارغا
ھەربىي كىيىم، ئاق خالات.
كۆرۈپ ئۇلار چېھرىنى
يۈرىكىمىز بولدى شاد.

دېدى ئۇلار: «بالىلار،
ساغلامىمۇ - يوق، تېنىڭلار؟
داۋالايمىز تەكشۈرۈپ،
ساغلام ئۆسۈپ، كۈلۈڭلار ...»

ئۇلار ئۆپكە، يۈرەكنى
ئەسۋاب بىلەن تىڭشىدى.
بويىمىزنى مېتىرلاپ،
ئېغىرلىقنى جىڭلىدى.

ئەستايىدىل تەكشۈردى،
ئۇلار بىزگە كۆيۈنۈپ.
سەكرەشتۇق بىز بالىلار،
بۇ ئىشلاردىن سۆيۈنۈپ.

بەزىلەرگە دوختۇرلار
دورا بېرىپ ئۇچكۈزدى.
كۆڭۈل بېرىپ بىزلەرگە
مېھىر - شەپقەت يەتكۈزدى.

## ياشانغانلار شادلاندى

ياشانغانلار ئۆيىگە
باردۇق بايرام كۈنلىرى.
دېدى ئۇلار: «كېلىڭلار،
دەۋرىمىزنىڭ گۈللىرى...»

ھال سوردۇق ئۇلاردىن
كۆڭلىمىزنى بىلدۇرۇپ.
قىزىقارلىق كونسېرت
قويۇپ بەردۇق، كۈلدۇرۇپ.

بىز ناخشىنى ئېيتقاندا
چالدى ئۇلار چاۋاكنى.
چۈشسە ئۇلار ئۇزسۇلغا،
سايراتتۇق بىز راۋابنى...

ئازادىلىدۇق پاكىزە
ھويلا - ئارام، ئۆيلەرنى.
توشقۇۋەتتۇق بىز ئەپلىك
ئەخلەتلەرنى، كۆللەرنى.

سوۋغا قىلدۇق ئۇلارغا،
قەنت - گېزەك ھەم يەل - يېمىش.
ياشانغانلار شادلاندى،
بىز قىلغاچقا ياخشى ئىش.

### تەربىيەچى تاغىمىز

تەربىيەچى بىزلەرگە
ھەربىي تاغا ئىبراھىم.
بىزنى يوقلاپ مەكتەپكە
كېلىپ تۇرار ئۇ دائىم.

ئۇ كوماندىر - باشلامچى،
ھەربىي قىسىم قوينىدا.
بىز تاقىغان گالستۇك
يەلپۈنىدۇ بوينىدا.

سۆزلەپ بېرەر ئۇ بىزگە،
قەھرىمانلار ھەققىدە.
ئارمىيىمىز قازانغان
شەرەپ - شانلار ھەققىدە.

سۆزلەپ بېرەر ئۇ بىزگە،
تىرىشچانلىق ھەققىدە.
گۈزەل غايە، ئىنتىزام،
مېھرىبانلىق ھەققىدە.

ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزلىرى
بىزنى ئالغا يېتەكلەر.
ئارمىيىنىڭ خىسلىتى
قەلبىمىزدە چېچەكلەر.



## كالېندار

ئەي كالېندار، كالېندار،
گويا كىچىك قامۇسسەن.
دىلىمىزنى يورۇتقان
نۇرلۇق چىراغ - پانۇسسەن.

ئۆچمەيدىغان تارىخ بار،
ھەر ۋاراقىڭ - بېتىڭدە.
چوڭ - چوڭ ئىشلار سۆزلەنگەن
ھەر بىر قۇرۇڭ - خېتىڭدە.

خاتىرە كۈن، بايراملار،
سەندە تولۇق يېزىلغان.
مەشھۇر زاتلار تۆھپىسى
سەھىپەڭگە تىزىلغان.

ئۆگىنىشكە بىز ئۈچۈن،
سەندە نۇرغۇن بىلىم بار.
شۇڭا، بىزنىڭ ئەڭ يېقىن
دوستىمىز سەن كالېندار.

# يامغۇر ياغ

يامغۇر ياغقىن، يامغۇر ياغ،
ياشناپ كەتسۇن ئېتىز - باغ.
شۇنچە سەگىپ ئويىنايمىز
سەن شارىلداپ ياغقان چاغ.

يامغۇر ياغقىن، يامغۇر ياغ،
كۆكلەپ كەتسۇن قاقاس تاغ.
غۇنچىلار ئىلىك بەرگىدە
قالمىسۇن ھېچ توزان - داغ.



## دورىماڭلار

كىرىپ قالدى سەككىزگە
قوشنىمىزنىڭ بالىسى.
ئۇ ئەگىشەر كەينىدىن
نەگە بارسا ئانىسى.

بىللە ئېلىپ بارمىسا
توختىمايدۇ يىغىسى.
كۆز يېشىدا ئۆزىدۇ
ئۇنىڭ جېدەل كېمىسى.

نېمە چىقسا قولىغا
شۇنى يەرگە ئاتىدۇ.
تاشلىۋېتىپ ئۆزىنى
چار پاقىدەك ياتىدۇ.

داستىخاننى بۇزىدۇ،
بارغانلىكى ئۆيدە ئۇ.
بەزى تېخى سوزۇلۇپ
يېتىۋالار تۆردە ئۇ.

مېھمانلارغا ياقمايدۇ
ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقى.

گەپ ئاڭلىسا بولمامدۇ
شۇ بالىنىڭ قۇلىقى؟!

ئۇ بالىنى ھېچقاچان
دورىماڭلار بالىلار.
زوقى كېلىپ سىمەرگە،
كۈلسۈن ئاتا - ئانىلار.



## ئاداش دېمەيمەن

بولساڭ ئەدەپسىز،
تەرتىپسىز، كەپسىز،
مەن سېنى ھەرگىز
ئاداش دېمەيمەن.

دەرسنى بىلمىسەڭ،
يالغان سۆزلىسەڭ،
ئەمگەك سۆيمىسەڭ،
ئاداش دېمەيمەن.

بولمىساڭ ئىشچان،
ئىناق، مېھرىبان،
سېنى ھېچقاچان
ئاداش دېمەيمەن.



## كىچىك خەتتات — ھۆرنىيەت

تىرىشىشتىن يول تاپتى،
ساۋاقدىشىم ھۆرنىيەت.
بىكار ۋاقىت بولسىلا
مەشىق قىلار ھۆسن خەت.

شۇنچە كۆركەم - چىرايلىق
ئۇنىڭ يازغان خەتلىرى.
خەتلىرىنىڭ ئىچىدە
يوقتۇر زادى سەتلىرى.

ئاڭا بەكمۇ ياراشتى،
«كىچىك خەتتات» دىگەن نام.
ھۆسن خەتلەر يېزىشتا
ئۇ ئەمەستۇر ھەرگىز خام.

بۇ يىل ئۇنىڭ خەتلىرى
كۆرگەزمىگە قويۇلدى.
كۆڭلىمىزگە بۇ ئىشتىن
ئىلھام سۈيى قۇيۇلدى.

## كىمنىڭ توغرا؟

باردۇر بىزنىڭ كوچىدا،
بارات ئاتلىق بىر بالا.
دائىم بۇرۇن كولاشقا
بوپ قالدى ئۇ مۇپتىلا.

دېدى بىر كۈن ئۇنىڭغا
ساۋاقدىشى مۇراتجان:
«بۇنداق ناچار ئادەتنى
تۈزەتسەڭچۇ باراتجان».

بارات بىردىن قىزىرىپ
دېدى: «تولا زاڭلاشما.
كىچىككىنە ئىشلارغا
قاراپ يۈرمە، ئارلاشما.

مەن بۇرنۇمنى كولىسام،
ساڭا نېمە زىيىنى؟
كىشىلەرنى رەنجىتىپ
قىلما يامان گېپىنى...»

مۇرات دېدى: «سۆزۈمنى
ئويلاپ قالما باشقىچە.

قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن،
سۆزلەپ باقاي قىسقىچە.

«بۇرۇن دېگەن بەك نازۇك،
بەش ئەزانىڭ بىرىدۇر.
ئەركىن نەپەس ئېلىشنىڭ
ئەڭ ئاساسلىق يولىدۇر.

نىمە خۇش بۇي، يە سېسىق،
بۇرۇن بىلەن پۇرايمىز.
بۇرۇندىكى تۈك بىلەن
چاڭ - توزاننى تورايمىز.

بۇرۇن ئىچى تۈزۈلگەن
نېپىز، شىللىق پەردىدىن.
ئىنچىكە قان تومۇرلار
ئۇندا تولا ھەممىدىن.

شۇڭا ئاسراش كېرەكتۇر،
بۇنداق نازۇك ئورۇننى.
زەخىملىنىش يۈز بېرەر،
كولاۋەرسە بۇرۇننى.

دائىم بۇرۇن كولاشقا
ئادەتلىنىپ قالسا كىم،
ئۇ كىشىنىڭ بىردەمۇ
تۇرالمايدۇ قولى جىم.

ساغلاملىققا زىيانلىق،
بۇرۇن كولاش ئادىتى.
ئاقىۋىتى بۇ ئىشنىڭ
خەتەرلىكتۇر ناھايىتى.»

× ×

ئېيتىڭلارچۇ توغرىمۇ،
گەپ - سۆزلىرى مۇراتنىڭ؟
ئېيتىڭلارچۇ، بولامدۇ،
شۇ ئادىتى باراتنىڭ؟



# بالىلار ئاۋازى

(چاتما شېئىر)

1

بىزنى قادىر مۇئەللىم
شەخسەن ئىشقا سالىدۇ.
شۇڭا بەزى بالىلار
دەرس ئاڭلاشتىن قالىدۇ.

چىقىپ تۇرار ئۇنىڭكى
ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرى.
بىزنى ئىشقا بۇيرۇيدۇ،
مەيلى يازۇ - قىشلىرى.

بىزمۇ دىك - دىك ماڭىمىز
ئەگەر ئىشقا بۇيرۇسا.
بۇنداق قىلىش توغرىمۇ،
مۇئەللىم بىر ئويلىسا؟!

2

ئۇستازىمىز گۈزەلنۇر
دەرسنى ئوبدان ئۆتىدۇ.
ئۇ سۆزلىسە بۇلبۇلدەك
دىل شادلىققا چۆمىدۇ.

يېتەكلەيدۇ ئۇ بىزنى
دەرسنى ياخشى بىلىشكە.
بېرىپ تۇرار تاپشۇرۇق
ئۆيدە ئىشلەپ كېلىشكە.

تاپشۇرۇقنى ئىشلەيمىز
ھەر قاچان ئۆز ۋاقتىدا.
ئەستايىدىل بولىمىز
قالمايلى دەپ ئارقىدا.

لېكىن، ئاشۇ مۇئەللىم
تەكشۈرمەيدۇ تاپشۇرۇق.
ھەرگىز قۇلاق سالمىدى
سۆزلىسەك بۇ توغرۇلۇق.

دەرسنى پىششىق بىلىشتە
تاپشۇرۇقنىڭ رولى زور.
ئاڭا كۆڭۈل بۆلسىكەن
ئۇستازىمىز گۈزەلنۇر.

3

روزى نىياز مۇئەللىم
بىزگە بىلىم بەرمەكتە.
قەلبىمىزنىڭ بېغىدا
گۈل - چېچەكلەر تەرمەكتە.

لېكىن، بىزدىن نېرى ئۇ
تازىلىقتا، ئەمگەكتە.

بىللە بولسا بىز بىلەن
خۇش بولاتتۇق ئەلۋەتتە.

روزى نىياز مۇئەللىم
سۆزىمىزدىن رەنجىمەڭ.
بالىلارنىڭ ئېيتقىنى
خاتا ئەمەس، توغرا دەڭ!

4

ھۆرمەتلەيمىز يۈرەكتىن
ياش مۇئەللىم باراتنى.
ئۆگەتتى ئۇ بىزلەرگە
نۇرغۇن بىلىم - ساۋاتنى.

بەزىدە ئۇ سىنىپقا
قاپاق تۈرۈپ كىرىدۇ.
بالىلارنى دۆشكۈشلەپ
تەن جازاسى بېرىدۇ.

شۇڭا قىسمەن بالىلار
سوۋۇپ كەتتى مەكتەپتىن.
مەكتىپىمىز تەشكىلى
خەۋەرسىزمۇ بۇ گەپتىن؟

بىزنىڭ بارات مۇئەللىم
بۇ ئىشقا ئۆكۈنگەي.
بالىلارغا ھەر قاچان
كۆڭۈل بۆلگەي ، كۆيۈنگەي.

## 5

ئۇچراتتۇق بىز كوچىدا
ئۇستازىمىز ئىمامىنى.
ئۇدۇل كېلىپ ئالدىغا
بەردۇق قىزغىن سالامنى.

بىراق، بىزگە مۇئەللىم
سالمىدى كۆز قىرىنى.
بىلىۋالدۇق بۇ ئىشنىڭ
سەۋەبىنى - سىرىنى.

قىزىللىقىنى كۆردۇق بىز
مۇئەللىمنىڭ كۆزىدە.
سىپرىق توپا تۆرلەپتۇ
ئۇنىڭ چىراي - يۈزىدە.


ئاران - ئاران ماڭىدۇ
ئىككى پۇتى دەلدەڭشىپ.
باشقۇرالماس ئۆزىنى
بېشى ھەريان گىلدىڭشىپ...

دېيىشتۇق بىز: مۇئەللىم
بۈگۈن ھاراق ئىچىپتۇ.
ئىچكەندىمۇ ئاز ئىچمەي
بىرەر «قاپاق» ئىچىپتۇ.

ئۇستاز دېگەن مەست يۈرسە
بولامدىكەن پەقەتلا.

ئۆچمىسە ، بىز ئۆسگەن
شادلىقتا تىتۇق قەۋەتلا.

سۆزىمىزنى ھۆرئەللىم
ئوبدان ئويلاپ كۆرسىكەن.
شاگىرتلارغا ھەر دائىم
ياخشى تەسىر بەرسىكەن.



## چىرايلىق

مەرىپەتنىڭ ئوچىقى،
ئەقلىمىزنىڭ بۇلىقى،
كۆڭلىمىزنىڭ چىرىغى،
ئانا مەكتەپ چىرايلىق.

مۇئەللىملەر گۈل چىراي،
ساۋاقداشلار تولۇن ئاي؛
خاسىيەتلىك ئەزىز جاي -
ئانا مەكتەپ چىرايلىق.

بىزنى ساغلام ئۆستۈرگەن،
قەلبىمىزنى كۈلدۈرگەن،
كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرگەن،
ئانا مەكتەپ چىرايلىق.



# قەدىرلىكسەن

قەدىرلىكسەن مۇئەللىم،
سۆيۈملۈكسەن مۇئەللىم؛
بىزگە ئاتا ـ ئانىدەك،
كۆيۈملۈكسەن مۇئەللىم.

سىنىڭ بىلەن ئېچىلغان
گۈل ـ غۇنچە بىز، چېچەك بىز.
ئۆگىنىشتە تىرىشچان،
ئاق كۆڭۈل بىز، زېرەك بىز.

ئەي مۇئەللىم، مېھرىڭدىن
يۈرىكىمىز ياشنايدۇ.
جاپالىق، مول ئەمگىكىڭ
بىزنى ئالغا باشلايدۇ.



## پۇشايمان

مىنگەن ئىدى ئۈچ بالا
بىر ۋېلىسىپىتكە.
ئېغىر ۋەقە يۈز بېرىپ،
قالدى « ئېسىت ! » كە.

ھاۋا بۇزۇق، چىقماقتا
شامالمۇ گۇر - گۇر.
بۇ ئۈچەيلەن چوڭ يولدا
ماڭغانتى تەتۈر.

بىرى رامدا رول تۇتقان،
بىرى ئىگەردە؛
بىرى ئېھەر پېدالنى،
كۆزى بىر چەتتە.

ئاپتوموبىل، تراكتور...
ئۆتمەكتە غۇي - غۇي.
ئۇلار دەيدۇ : «ماھىر بىز،
قاراڭلار، ھوي - ھوي ...!»

تۇيۇقسىز بىر تراكتور
يان يولدىن چىقتى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە،
ئۇلارنى سوقتى.

ئۇلار چۈشتى تەك موللاق،
كەتتى ھۇشىدىن.
چىقتى مۇنداق نەتىجە
قىلغان ئىشىدىن:

پۈتنى سۇندى بىرسىنىڭ،
ئىككىسىنىڭ قولى.
بالنىتسىغا ئېلىندى
ئۈچى بىر يولى.

ئۇلار قالدى دەرستىن
كۆپ ئازاب چەكتى.
پۇشايمان قىپ كۆزىدىن
يېشىنى تۆكتى.



## خام سۇ ئىچمىگەن

غەيرەتجان مېنىڭ
ئەڭ كىچىك ئۇكام
ئۇ خام سۇ ئىچىپ
بوپقالدى زۇكام.

يۆتىلىپ كاڭ - كاڭ،
ئاقتى كۆز يېشى
قىزىتما بولۇپ
ئاغرىدى بېشى.

دېدىم: «مىكروب بار،
خام سۇ دېگەندە.
كېسەل يۈز بېرەر
ئۇنى ئىچكەندە.

ئەستە چىڭ ساقلا
قىلغان سۆزۈمنى.
خام سۇ ئىچىشتىن
تارتقىن ئۆزۈڭنى.

قايناق سۇ ئىچىش
بولسۇن ئادىتىڭ.
تەن سالامەتلىك
بەختىڭ - راھىتىڭ...»



## بىز شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى

ئەلنىڭ غۇنچە-رەناسى،
ئىلىم - پەننىڭ شەيداسى،
گۈزەللىكنىڭ ھەمراسى
بىز شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى.

بەخت نۇرىغا چۆمدۇق،
يايرىدۇق، خۇشال كۈلدۇق،
ساغلام، شوخ، جەسۇر بولدۇق،
بىز شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى.

قىزىلگۈلگە ئوخشايمىز،
كۈندىن - كۈنگە ياشنايمىز،
ئالغا قەدەم تاشلايمىز،
بىز شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى.



## گالستۇك

شادلىقىمسەن گالستۇك،
ئامرىقىمسەن گالستۇك،
مېنى ئالغا باشلىغان
بايرىقىمسەن گالستۇك.

سەن تۇرسەن بوينۇمدا،
شولا چېچىپ، يەلپۈنۈپ.
كۆچ - قۇۋۋەتكە تولىمەن
ئىلىم - پەنگە تەلپۈنۈپ.

گالستۇكۇم، مەن سېنى
قەدىرلەيمەن، سۆيىمەن.
پىئونېرلىق نامىمنى
پەخىرلىنىپ كۆيلەيمەن.



## بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟

كېلىپ ئۇستاز ئالدىغا
سالام بەردى گۈلئايىم.
دېدى: ئاڭلاپ باقسىڭىز،
بار ئىدى بىر سوئالىم.

سۆزلەڭ دېدى ئۇستازى
شاگىرتىدىن زوقلىنىپ.
سۆز باشلىدى گۈلئايىم،
تېتىكلىشىپ، روھلىنىپ:

«ئۆيىمىزگە كەلگەنتى
ئانامنىڭ بىر سىڭلىسى،
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى
ئانام بىلەن ئىككىسى.

ھامما ئاچام شۇ كۈنى
بەكمۇ ياخشى كۈتۈلدى.
ئاۋۋال شورپا سېلىنىپ،
كېيىن پولۇ ئېتىلدى.

ئۆي ئىچىنى قاپلىدى،
خۇشال كۈلكە - سۆھبەتلەر.

كۆڭلىمىزگە نۇر ئىندى،
كۆيۈنۈشلەر، ھۆرمەتلەر.

كۆردۈم شۇ كۈن دادامنىڭ
چىرايىدا خۇشلۇقنى.
ھەر ئىشىدە، سۆزىدە،
كۆرمىدىم ھېچ سۇسلۇقنى.

لېكىن، بىر كۈن ئاكىسى
كەلگەن ئىدى دادامنىڭ؛
نېمىشقىدۇر قاپىقى
ئېچىلمىدى ئانامنىڭ.

ئولتۇرغاندا تاغامغا
سېلىنمىدى كۆرپىمۇ.
ئېتىلمىدى يە پولۇ،
قاينىمىدى شورپىمۇ.

تاغام بۇردا نان يېمەي
قۇرۇق چاينى ئوتلىدى.
ئانام كىرىپ يان ئۆيگە
يانپاشلىدى، ئۇخلىدى.

ئۆيىمىزنىڭ ئىچىدە
ھۆكۈم سۈردى جىمجىتلىق.
نۇر ئۇۋالدى كۆڭلۈمنى
ھەيرانچىلىق، تىت - تىتلىق.

شۇندا نوقۇپ ئانامنى
دېدىم: «غىزا ئەتمەمسەن؟
تاغامنىمۇ ھاممادەك
چىراي ئېچىپ كۈتمەمسەن؟»

ئانام دېدى: «ئۇ تاغاڭ
پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ.
ساقلىقىم يوق، بۈگۈنچە
چاي ئىچىشمۇ بولىدۇ.

بىلىۋالغىن گۈل قىزىم،
«تاغار ياخشى تاغاڭدىن».
كېلەر ساڭا ياخشىلىق
شۇ قەدىرلىك ھامماڭدىن...»

جاۋاب بېرىڭ ئۇستازىم،
مۇنداق دېيىش توغرىمۇ؟
رەنجىمەمدۇ بۇ ئىشتىن،
جان دادامنىڭ كۆڭلىمۇ؟...»

دېدى ئۇستاز: «گۈلئايىم،
سوئالىڭىز جايىدا!
مۇنداق ئىشلار يوق ئەمەس،
بەزى ئۆيدە، گاھىدا.

ئانىڭىزنىڭ قىلغىنى
ھەرگىز توغرا بولماپتۇ.

بىرنى بىلىپ ئەتىۋار،
بىرنى كۆزگە ئىلماپتۇ.

ئانا بىلەن دادىنىڭ
تۇغقانلىرى باراۋەر.
ئۇلار ئوخشاش ھۆرمەتكە
بولۇش لازىم سازاۋەر...»

ئۇستازىنىڭ سۆزىدىن
ئىلھاملاندى گۈلئايىم.
دېدى: ئۇرۇق - تۇغقاننى
قەدىرلەيمەن ھەر دائىم.



## گۈل تېرىيمىز

باھارنى - گۈل پەسلىنى
ئەجەب ئوبدان چاغ دەيمىز.
ئانا مەكتەپ قوينىنى
يايرايدىغان باغ دەيمىز.

قەلبىمىزگە شۇ باغدىن
ئالتۇن نۇرلار تۆكۈلگەن.
ئاشۇ باغنى گۈللەتمەك
كۆڭلىمىزگە پۈكۈلگەن.

رەڭمۇ رەڭ گۈل تېرىيمىز
ئانا مەكتەپ ئىچىگە.
ئاشۇ گۈللەر ئېچىلسا
زوق بېغىشلار كىشىگە.



## ئالدىراش پەيتتە ...

ئالدىراش چاغلار
باشلانغان پەيتتە،
ياخشى ئىش قىلدۇق
يېزىدا ـ كەنتتە.

پاختىلار تەردۇق
ئېتەك ـ ئېتەكلەپ.
قوناقلار ئۈزدۇق
سېۋەت ـ سېۋەتلەپ...

پېشانىمىزدىن
تەرلەر قۇيۇلدى.
بۇ بىزگە چەكسىز
شادلىق تۇيۇلدى.

دېھقان تاغىلار
كۆپ رەھمەت دېدى.
بىزنى لېپ قىلچە
ئەزىمەت، دېدى.

## بىزنىڭ ئوماق بالىلار

ئىلىم - پەنگە تەلپۈنەر،
قېتىرقىنىپ ئۆگىنەر،
كۈندىن كۈنگە يۈكسىلەر،
بىزنىڭ ئوماق بالىلار.

ئىنتىزامچان، ئەدەپلىك،
ھەممە ئىشى بەك رەتلىك،
شىجائەتلىك، غەيرەتلىك،
بىزنىڭ ئوماق بالىلار.

راۋان، چۈچۈك سۆزلىرى،
چاقناپ تۇرار كۆزلىرى،
گۈل ئۈندۈرەر ئىزلىرى،
بىزنىڭ ئوماق بالىلار.

ئىناقلىقنى قەدىرلەر،
ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەر،
بىر - بىرىنى يېتەكلەر،
بىزنىڭ ئوماق بالىلار.

زەپ چىرايلىق قىلىقى،
پارلاپ تۇرار چېھرىسى،
ئەلنىڭ ئۈمىد چىرىقى،
بىزنىڭ ئوماق بالىلار.

## توي ئوينايدۇ

ئانا ۋەتەن كۆكسىدە
نۇر پارلايدۇ - پارلايدۇ.
قۇچىقىدا ۋەتەنىنىڭ
دىل يايرايدۇ - يايرايدۇ.

بۈگۈن مانا بالىلار
توي ئوينايدۇ - ئوينايدۇ.
كۈيلەپ ۋەتەن تويىنى
شوخ سايرايدۇ - سايرايدۇ.

چۈنكى ۋەتەن ھەر دائىم
بالىلارنى ئويلايدۇ.
بالىلارنىڭ بەختىنى
قەدىرلەيدۇ - قوغدايدۇ.



## گۈزەل ۋەتەن قۇچىقى

بولسا گۈزەل مەنزىرە
بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ.
بولسا گۈزەل مەنزىرە
كۆڭۈل كۈلۈپ يايرايدۇ.

شۇنداق گۈزەل، مېھرىبان
بولغاچ ۋەتەن قۇچىقى؛
ئوخچۇپ تۇرار ھەممىشە،
ئەقلىمىزنىڭ بۇلىقى.

گۈزەللىككە تەلپۈنەر
بىزنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلەر.
بىزنى ئالغا باشلايدۇ
گۈزەل ئارزۇ - تىلەكلەر.



## ئوخشاش سېمىز بولساقكەن

ئىشتىن كېلىپ بالىنى
قۇچاقلىدى ئانىسى.
تۇتۇپ ئانا تېنىنى
ئويلاپ قالدى بالىسى:

«بولۇپ قالدۇق نېمىشقا،
ئانام ئورۇق، مەن سېمىز.
ئوخشاش سېمىز بولساقكەن
ئانام بىلەن ئىككىمىز.»



## تۇتاش ئىكەن كۈلكىسى

مەن كېسەلدىن ساقىيىپ،
كۈلگەنىدىم شادىمان.
خۇشاللىنىپ كۈلدى تەڭ
ئاتا - ئانام شۇ ھامان.

بىلدىم ماڭا تۇتاشكەن،
ئۇلارنىڭ شاد كۈلكىسى.
تولۇنئايكەن، قۇياشكەن،
ئانام - دادام - ئىككىسى.



## نېمىشقا ئاز ئۇخلايدۇ؟

ئويلاپ قالدى بىر كۈنى،
يەتتە ياشلىق بەختىيار،
«ئاتا - ئانام ھەر سەھەر،
مەندىن بۇرۇن ئويغىنار.

ئۇلار زادى نېمىشقا
مېنىڭدىن ئاز ئۇخلايدۇ؟
ئۇيقىسىنى پارچىلاپ
ماڭا بەرگەن ئوخشايدۇ...»



## ئارزۇگۇلنىڭ خىسلىتى

ياخشى ئىشقا بەك ئامراق،
ھەممىدىن قىز ئارزۇگۇل.
مېھمانلارغا ئۇ بۈگۈن
ياردەم قىلدى بەش يۈەن پۇل.

ئارزۇگۇلنىڭ دادىسى،
دېدى: «قىزىم ياراپسەن.
ئاجىزلارنى قوللىساڭ،
ئەل قەلبىدە ياشايسەن!...»

## ئىنا قاغىغا پايدىسىز

باردۇر بىزنىڭ سىنىپتا
ساقى ئاتلىق بىر بالا.
باشقىلارغا شۇ ساقى
لەقەم قويدى بەك تولا.

بىرنى دېسە: پىلاستىر،
بىرنى دېدى «ئۇرۇشقاق.»
بىرنى دېسە «شەيتانچاق،»
بىرنى دېدى «بۇدۇشقاق».

بىرنى دېسە «جۆجىۋاي»
بىرنى دېدى «ئۆدەكجان.»
بىرنى دېسە «ئۆشكىۋاي»
بىرنى دېدى «بودەكجان...»

لەقەم قويۇپ ئۇ شۇنداق،
بالىلارنى كەمسىتتى.
لەقەم بىلەن چاقىرىپ،
نەچچەيلەننى رەنجىتتى.

ساقى دېدى ۋە لېكىن:
«مەن قىزىقچى ـ چاقچاقچى.
كۆلكە بىلەن، گەپ بىلەن،
كۆڭۈللەرنى ئاچماقچى...»

«تاشلاڭ، — دېدۇق ساقىغا، —
لەقەم قويۇش ئىشىنى.
بۇ ئىشىڭىز راستىنلا،
بىزار قىلدى كىشىنى.

ئىناقلىققا پايدىسىز،
لەقەم قويۇش ئادىتى.
تۇرسا گۈزەل ئىسمىمىز،
لەقەمنىڭ نە ھاجىتى؟!»



## كۈلكە

ۋىلىق - ۋىلىق كۈلىمەن،
ئانام ئەركىلەتكەندە.
يايراپ كۈلۈپ كېتىمەن،
دادام مېنى سۆيگەندە.

ئاتا - ئانام ھەر كۈنى
مېنى تاتلىق كۈلدۈرەر.
قەلبىمگە شاد ئۆمۈرنىڭ
گۈللىرىنى ئۈندۈرەر.

كۈلكە بىلەن بۇلدۇقلار،
مېنىڭ ھايات بۇلىقىم.
بەخت ئىچرە ئۆتمەكتە
بالىلىقىم - شوخلۇقۇم.



## يولدىن نېرى ئويناڭلى

تۆپتۈز كەتكەن تاشيول بار،
بىزنىڭ مەكتەپ ئالدىدا.
ئاشۇ يولدا ماڭىمىز،
ئەتىگەندە، ئاخشامدا.

لېكىن بەزى بالىلار،
يول ئۈستىدە ئوينايدۇ.
بىر - بىرىنى قوغلىشىپ،
ئويۇنغا ھېچ تويمايدۇ.

ئاپتوموبىل ئۆتكەندە،
تاش ئاتىدۇ ئۇنىڭغا.
چاۋاك چېلىپ كېتىدۇ،
خۇش بولۇشۇپ بۇنىڭغا.

ئۇلار ئېشىپ ھەددىدىن،
شوپۇرلارنى تىللايدۇ.
ئۆزلىرىگە بىھۇدە
كېلىشمەسلىك چىللايدۇ.

يول ئۈستىگە دۆۋىلەيدۇ
ئەخلەت، كېسەك، تاشلارنى.

تراكتورغا ئېسىلىپ
يېرىشىدۇ باشلارنى.

بىلسە ئۇلار يول دېگەن،
ياسالمىغان ئويناشقا،
يول ئۈستىدە ئوينىسا،
تەسىر يېتەر قاتناشقا.

ئەي بالىلار، ھەر قاچان
يولدىن نېرى ئوينايلى.
«بىخەتەرلىك بىرىنچى»
دېگەن سۆزنى ئويلايلى!...



## گۈلشەن قىلغان ياخشى ئىش

ئىقتىسادچىل گۈلشەن قىز
پۇل خەجلىمەس ئارتۇقچە.
پۇل يىغىشقا بولتۇر ئۇ
ياسىغان بىر ساندۇقچە.

ئۇنىڭ يىغقان پۇللىرى
بولدى بۇ يىل قىرىق كوي.
كەلدى گۈلشەن كۆڭلىگە
ياخشى پىلان، ياخشى ئوي:

«بولۇڭىدا سىنىپنىڭ،
كىتاپ ئورنى قۇرايچۇ.
ساۋاقداشلار ئوقۇشقا
كىتاپ بېرىپ تۇرايچۇ...»

سېتىۋالدى شۇڭا ئۇ
نۇرغۇن كىتاپ ۋە ژۇرنال.
ھەممىيلەننى راستىنلا
خۇشال قىلدى بۇ ئەھۋال.

ساۋاقداشلار گۈلشەندىن
ئالار كىتاپ ئارىيەت.
زوقلاندۇردى دىللارنى
ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت.

## راسخوت ئېتىزى

يېزا بىزنىڭ مەكتەپكە
بەردى راسخوت ئېتىزى.
ئېچىلدى شۇ ئېتىزنىڭ
ئاپئاق پاختا - كېۋىزى.

سېتىپ بەردۇق دۆلەتكە،
ئېچىلغاننى ئۈزدۈلۈق.
شۇڭا بىزنىڭ مەكتەپمۇ
بولۇپ قالدى كۆپ پۇللۇق.

مەكتەپ ئاشۇ پۇللارنى
ئىشلىتىدۇ ئوقۇشقا.
بەلنى مەھكەم باغلىدۇق
ئەمگەك سۆيەر بولۇشقا.



## ئاكا - ئۇكا

ئاكا - ئۇكا بىر كۈنى
قالدى قاتتىق ئۇرۇشۇپ.
بىر - بىرىگە تىل سالدى
ھەتتا ياقا تۇتۇشۇپ.

لېكىن، ئۇلار كەچقۇرۇن
ئۇخلىدى بىر يوتقاندا.
ئۇرۇشقاننى ئۇنتۇدى
ئەتىگىنى تۇرغاندا.

چۈنكى، ئۇلار ھېچقاچان
ئاداۋەتنى بىلمەيدۇ.
ئىناقلىقى تۇغقاننىڭ
كىچىكىدە گۈللەيدۇ.



## رەھمەت خېتى يازىمەن

دادا، ماڭا پۇل بەرگىن،
دېدى ئوغلى نۇر سېپىيت، –
ئالاي دەيمەن شۇ پۇلغا
ماركا بىلەن كونۋېرت.

سورىغانتى دادىسى:
«سەن كىمگە خەت سالماقچى؟
ئېيتقىنا شۇ خېتىڭگە
نېمىلەرنى يازماقچى؟»

ئوغلى دېدى: «يىراق ئىككىم
تولدى چەكسىز ئىلھامغا.
رەھمەت خېتى يازىمەن
كومپوزىتور تاغامغا.

بىزگە نۇرغۇن ناخشىنى
ئىجاد قىلىپ بەردى ئۇ.
بالىلارنىڭ ئېسىدە
قىزغىن كۆڭۈل بۆلدى ئۇ.»

## ئۆسمۈرلۈك چاغىم

(ناخشا تېكىستى)

گۈلدىن گۈزەلسەن،
بالسەن ـ ھەسەلسەن،
ناخشا ـ غەزەلسەن،
ئۆسمۈرلۈك چاغىم.

تايچاقتەك ئويناق،
ئوماقتىن ئوماق.
مەن ساڭا ئامراق،
ئۆسمۈرلۈك چاغىم.

ھاياتقا زىننەت،
ئالتۇندىن قىممەت،
ماڭا غەنىيمەت،
ئۆسمۈرلۈك چاغىم.

نوتىدەك يۇمران،
غەمسىز، شادىمان،
مەن ئۈچۈن مېھمان،
ئۆسمۈرلۈك چاغىم.

**قايتارما:**

سۆيىمەن سېنى
ئۆسمۈرلۈك چاغىم.
ياير ايدۇ سەندە
بۇ كۆڭۈل باغىم.



## سۈننەت توي ناخشىسى

بۈ يەر مېنىڭ ئۆيۈمدۈر،
بۈگۈن سۈننەت تويۈمدۈر.
سۈننەت تويى ئوغۇلغا
چوڭ تويدىنمۈ مۈھىمدۈر.

ئاتا - ئانام پەرىشتەم،
شۈ تويۈمنى ئۆتكۈزدى.
گويا مېنىڭ بېشىمنى
كۆك ئاسمانغا يەتكۈزدى.

تولدى شۈڭا ۋۈجۈدۈم
كۈچ - قۈۋۋەتكە، ئۈمىدكە.
ئايلىنىمەن كۆپ ئۆتمەي
نەۋقىران بىر يىگىتكە.

چوڭ تويۈمدا چوڭلارغا
ئېغىرچىلىق سالمايمەن.
بۈ ۋەدەمنى ھەرگىزمۈ
ئورۈنداشماي قالمايمەن.

بۈگۈن تويغا كەلگەنلەر
تىلىمەكتە بەختىمنى.
خۈش بولارمەن مېھمانلار
كۆرسە بوۋاي ۋاقتىمنى.

# قول ياغلىق

دادام ماڭا بازاردىن
ئېلىپ بەردى قول ياغلىق.
ھەمرا ماڭا ھەر دائىم
ئاشۇ كۆركەم، گۈل ياغلىق.

ئىشلەتكەندە مەن ئۇنى
كۆڭلۈم تولار خۇشلۇققا.
قاتلاپ شۇڭا چىرايلىق
سېلىۋالدىم يانچۇققا.

ئۆزۈم پاكىز يۈرىمەن،
قول ياغلىقىم كىرلەشسە.
تازىلىقتا ئۆتىمەن،
كىم مەن بىلەن بەسلەشسە!...



## ئورمان ئەھيا قىلىمىز

كۈمۈش تەرلەر ئاققۇزۇپ،
غەيرىتىمىز جۇش ئۇرۇپ،
كۆڭۈل يايراپ خۇش بولۇپ،
ئورمان ئەھيا قىلىمىز.

يەرنى تۈزلەپ تاختىلاپ،
كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ،
كەلگۈسىنى نىشانلاپ،
ئورمان ئەھيا قىلىمىز.


ئەلنى بوستان بولسۇن دەپ،
يېشىللىققا تولسۇن دەپ،
يەر - زېمىن كۈلسۈن دەپ،
ئورمان ئەھيا قىلىمىز.

مەھكەم تۇتۇپ پۇرسەتنى،
قىزغىن سۆيۈپ مېھنەتنى،
بىز بالىلار بەس - بەستە،
ئورمان ئەھيا قىلىمىز.

## خۇشاللىق

كۆچەت تىكىش ئەمگىكى
بېرىدۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتنى.
زور خۇشاللىق مەن ئۈچۈن
تىكسەم كۆپلەپ كۆچەتنى.

چۈنكى، ئاشۇ كۆچەتلەر
ساغلام ئۆسۈپ ياشنايدۇ.
بۈك ـ باراقسان بوي تارتىپ
ئەلگە سايە تاشلايدۇ.



## گۈل ۋە كۆچەت ناخشىسى

گۈل ۋە كۆچەت ئىشقىدا
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمىز.
گۈل ۋە كۆچەت ئۆستۈرۈپ
شادلىنىمىز، ھارمايمىز.

ئاشۇ گۈللەر، كۆچەتلەر،
يۇرتنى كۆركەم قىلىدۇ.
گۈل - كۆچەتلەر ناخشىسى
دىلنى كۆكلەم قىلىدۇ.

گۈل - كۆچەتلەر ناخشىسى
بەرەر بىزگە خۇشاللىق.
گۈل - كۆچەتلەر سۆيگۈسى
ھەمرا بىزگە داۋاملىق.



## مودىل ياساش ماھىرى

ئۆگىنىشتە تىرىشچان
ئون بىر ياشلىق مىرئادىل.
بىزگە بەكمۇ يارايدۇ،
ئۇ ياسىغان ھەر مودىل.

مودىللارنى كۆرسىڭىز
شۇنچە كۆركەم، ئەينەندۇر.
«بۇنى چوڭلار ياسىغان»
دېيىشىڭىز جەزمەندۇر.

ئوخشىغاچقا مودىللار،
گويا يېڭى شەيئىگە.
قويدى ئۇنى مەكتەپتىن
كۆرگەزمىگە ـ سەھنىگە.

دېدۇق شۇڭا: «مىر ئادىل،
مودىل ياساش ماھىرى.
ئۇچار ئىجاد كۆكىدە
ئاقسا كىمنىڭ قان ـ تېرى...»

## گۈزەل ئەخلاق— شادلىقىم

دادام دەيدۇ ھەر دائىم:
«ئەخلاق-ئادەم زىننىتى.
ئەخلاق بىلەن ئادەمنىڭ
ئاشار ئىززەت - ھۆرمىتى.

كىمكى بولسا ئەخلاقلىق
قەلبى گۈزەل بولىدۇ.
ئۇنىڭ ئىشى - خىسلىتى
ئۆلمەس غەزەل بولىدۇ.

كىمكى بولسا ئەخلاقسىز،
ئاڭا قاغىش ياغىدۇ.
ئەل قوينىدىن ئايرىلىپ
مەڭگۈ يالغۇز قالىدۇ.

ئوغلۇم ساڭا يار بولسۇن،
ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت.
ئالىيجاناب خىسلەتكە،
باغلا چوڭقۇر مۇھەببەت!...»

دادامنىڭ شۇ سۆزلىرى
يۈرىكىمگە ئورناشتى .
ۋۇجۇدۇمغا گوياكى
تۈگىمەس كۈچ ياماشتى.

دەيمەن: «دادا، ئىشەنگىن،
ئەخلاق مېنىڭ شادلىقىم .
گۈزەل ئەخلاق بىر ئۆمۈر
ئامراق دوستۇم — بايلىقىم...»



## قەدىرلەيمەن ۋاقىتنى

خۇشپۇراقلىق ئېچىلدى
بەخت - ئىقبال گۈللىرىم.
زەپ مەنىلىك ئۆتمەكتە
ئۆسمۈر چېغىم - كۈنلىرىم.

ئۆتكۈزمەيمەن ۋاقىتنى
كوچىلاردا قارت ئويناپ.
ئېلېكترلىق ئويۇنچۇق
ياكى دامكا، بورت ئويناپ...

ۋاقىتنى چىڭ تۇتماسلىق
ياخشى ئادەت ئەمەستۇر.
لاغايلاپ كۈن ئۆتكۈزۈش
قۇرۇق ئارزۇ - ھەۋەستۇر.

ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك
ھەر بىر ۋاقىت مەن ئۈچۈن.
قەدىرلەپ شۇ ۋاقىتنى
بېغىشلايمەن پەن ئۈچۈن.

# ئۇستاز سۆزى

ئۇستاز سۆزى ئوخشايدۇ
گوياكى قەنت - شېكەرگە.
ئۇستاز سۆزى باشلايدۇ
بىزنى شانۇ - زەپەرگە.

ئۇستاز سۆزى ياشنىتار
ئەقلىمىزنىڭ بېغىنى.
ئۇستاز سۆزى تىكلەيدۇ
بىزدە ئىشەنچ تېغىنى.

ئۇستاز سۆزى ئۆگىتەر
بىزگە ئېسىل خىسلەتنى.
ئۇستاز سۆزى بېغىشلار،
بىزگە مېھىر - شەپقەتنى.

قۇلاق سېلىپ ئاڭلايمىز
شۇڭا ئۇستاز سۆزىنى.
دائىم ئالغا ئۆرلەيمىز
بېسىپ ئۇستاز ئىزىنى.

## ئالقىش ۋە قارغىش

ياخشى ئىشنى قىلغانلار
ئېرىشىدۇ ئالقىشقا.
يامان ئىشنى قىلغانلار
كۆمۈلىدۇ قارغىشقا.

شۇڭا ياخشى ئىش قىلىپ
شادلىنايلى، كۈلەيلى.
يامان ئىشتىن ھەر قاچان
قولىمىزنى ئۈزەيلى.



责任编辑：吾守尔·艾合买提
责任校对：哈丽达·木合塔尔
封面设计：夏依达·玉苏甫

孩子们，是谁的对？（维吾尔文）
阿布力克木·肉孜 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新疆新华书店发行 新疆《喀什日报》印刷厂印刷
787×1092毫米 32开 3印张
1998年9月第1版 2000年7月第2次印刷
印数：5071—8124

ISBN7—5371—2934—7/I.973 定价：3.50元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: شاھىدە يۈسۈپ

ISBN 7-5371-2934-7

9 787537 129343 >

ISBN7－5371－2934－7

I. 973(民文) 定价:3.50元